مۇھەممەد قاسىم بىننى موللا نەزىر مۇھەممەد بۇخارى

# باھار دانىش



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

مۇھەممەد قاسىم بىننى موللا نەزىر مۇھەممەد بۇخارى

# باھارىدانىش

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەپ

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرغۇن داۋۇد
مەسئۇل كوررېكتور: قەلبىنۇر ياسىن

# باھار دانىش

تەرجىمە قىلغۇچى: بارات رەجەپ

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010

ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى

نەشرى : 2007 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

بېسىلىشى : 2007 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

ئۆلچىمى : 850 × 1168م م. 32 كەسلەم

باسما تاۋىقى : 12.875

سانى : 0001 ـ 2000

باھاسى : 20.00 يۈەن

978-7-105-08375-6/I.1837(维 264)

责任编辑：图尔贡·达吾提
责任校对：开丽比努尔·雅森

图书在版编目(CIP)数据

巴哈尔达尼西：维吾尔文/毛拉·纳吉尔，穆罕默德·布哈里著；巴拉提·热吉甫译. 一北京：民族出版社，2007.6
ISBN 978-7-105-08375-6

Ⅰ.巴... Ⅱ.①毛... ②穆...③巴... Ⅲ.维吾尔族—民间故事—作品集—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）—Ⅳ. I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 089953 号

出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2007 年 6 月第 1 版　2007 年 6 月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 32 开
印　　张：12.875
印　　数：0001-2000 册
定　　价：20.00 元
978-7-105-08375-6/I.1837(维 264)

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

«باھار دانىش» — پارس-تاجىك ئەدىبلىرىدىن شەيخ ئىنايىتۇللا كانبۇ (1677- يىلى ۋاپات بولغان) يازغان مەشھۇر ئەسەر. بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، پۈتكۈل ئىسلامىيەت ئەدەبىياتىدا تېز داڭق چىقارغان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدىبلىرىدىن كۆپىنچىسى بۇ ئەسەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. بەزى ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىز بۇ ئەسەرنى پارسچىدىن تەرجىمە قىلىپ خەلقىمىزگە تونۇشتۇرغان. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر يېڭىسارىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان تالانتلىق ئەدىب موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر ناقىس بۇ ئەسەرنى نەزمىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىپ، «گۈلزارى بىنىش» داستانىنى ياراتقان. موللا سابىرنىڭ بۇ ئەسىرى ئەينى دەۋردە خەلقىمىز ئارىسىدا قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولغان.

«باھار دانىش» نىڭ خىلمۇخىل نەسرىي تەرجىمىلىرىمۇ خەلقىمىز ئىچىدە خېلى كەڭ تارقىلىپ، مەنىۋى بايلىقلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. ئەدەبىي تەرجىمان، ئەدىب مۇھەممەد قاسىم بىننى موللا نەزىر مۇھەممەد بۇخارى بۇ ئەسەرنى ئەسلىدىكى پارسچە نەزمىي نۇسخا ئاساسىدا چاغاتاي تىلىغا نەسرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىپ، ئەسلىي نۇسخىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇنلىغان قىسسە، ھېكايىلىرىنى بۇ ئەسەر ئىچىگە قوشۇپ يۇغۇرۇپ، ئىجادىي يوسۇندا تەييارلاپ چىققان (ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىگە قاراڭ). ئەسەرنىڭ تىلى، ئۇسلۇبى ۋە بەدىئىي سەنئىتىدىن بۇ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

نۇسخىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مۇھەممەد قاسىم بىننى موللا نەزىرى مۇھەممەد بۇخارىنىڭ قەلىمى پىشقان، ئىستېداتلىق ئەدىب ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ۋەقەلىكنىڭ بايان قىلىنىش ئۇسۇلى، سەھىپىسىنىڭ چوڭلۇقى، ۋەقەلىكنىڭ باشتىن-ئاخىر ئۆزئارا باغلىنىش نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر پروزا ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇنلىغان ھېكايەتلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىگە ئۆزلىشىپ كەتكەن. بۇ ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ قىزىقارلىق بولۇش، كۈندىلىك تۇرمۇشقا تولىمۇ يېقىن، ئىدىيىۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئوقۇغان كىشىنى ئۆزىگە چوڭقۇر مەھلىيا قىلىدۇ. بۇ ئەسەردە مەڭگۈ ئەستە ساقلاشقا ئەرزىيدىغان ھېكمەتلەر، چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ۋە ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە پەلسەپىۋى مەزمۇنلار بار.

«باھار دانىش» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ يەشمىسىنى ئىشلەشتە، ھىجرىيە 1315- يىلى (مىلادىيە 1897- يىل) زۇلقەدە ئېيىنىڭ 11- كۈنى ئۇستا خەتتات ئابدۇلقادىر بىننى ئىمىن ھاجى ئوغلى كۆچۈرۈپ تاماملىغان؛ ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىكى مەرھۇم ئابدۇسەمەت ئابدۇرۇپ ئاكا ساقلاپ كەلگەن قولىيازما نۇسخىسى ئاساس قىلىندى. بۇ قولىيازما جەمئىي 529 بەت بولۇپ، «باھار دانىش» بۇ قولىيازمىنىڭ 499 بېتىنى ئىگىلىگەن. بۇ ئەسەر خوتەننىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن پاتلىق قەغىزىگە ئېنىق ۋە راۋان، چىرايلىق نەستەئلىق خەت نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلگەن. بۇ قولىيازما ناھايىتى ياخشى ساقلانغان بولۇپ، نەقىشلىك كالا تېرىسىدە مۇقاۋا ئىشلەنگەن. ئىچكى بېتىنىڭ ئېگىزلىكى 26 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. خەت يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى

19 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر بولۇپ، ھەربىر بەتكە 15-16 قۇر خەت يېزىلغان. پۈتۈن تېكىست قارا سىياھدا كۆچۈرۈلگەندىن سىرت، ھېكايىلەرنىڭ باشلىنىش تېمىلىرى قىزىل سىياھتا يېزىلغان ھەمدە بەزى جايلارنىڭ باشلىنىش تېمىسى يېنىغا كۆچۈرگۈچى خەتتاتنىڭ مۆھرى بېسىلغان.

«باھار دانىش» نىڭ بۇ نۇسخىسىنى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1994- يىللىق1 -، 2 -، 3 -، 4 - سانلىرىدا ۋە 1995- يىللىق 1- سانىدا تولۇق ئېلان قىلدۇرغانىدىم، بۇ قېتىم بۇ ئەسەرنى قايتا كۆرۈپ چىقىپ، بەزى جايلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ھۆزۈرۈڭلارغا سۇندۇم. مەن بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسىنى ساقلاپ كەلگەن ئۈچتۇرپانلىق مەرھۇم ئابدۇسەمەت ئابدۇرۇپ ئاكىغا؛ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى بىلەن تەمىنلىگەن مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى قەيسەر قۇربان ئەپەندىگە؛ ئەينى ۋاقىتتا، بۇ ئەسەرنى «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىش جەريانىدا، ئەسەرنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەرھۇم مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ئاكىغا، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن قاتارلىق ئۇستاز، دوست-بۇرادەرلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەسپداشلارنىڭ ئەسەرنىڭ نەشرگە تەييارلىنىش جەريانىدا كەتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكلىرىمگە تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سورايمەن.

بارات رەجەپ

2005 - يىل سېنتەبىر

# مۇندەرىجە

«باھار دانىش» داستانىنىڭ باشلىنىشى ۋە بايلىق تىلسىملىرىنىڭ بىلىنىپ، ھېكايە پەردىسىنىڭ ئېچىلىشى.......... 5

بىنەزەر بەھرەۋەربانۇنىڭ سۈرىتىنى شاھزادىگە ئەكەلگەنلىكى، شاھزادە ئۇ سۈرەتكە مەھلىيا ۋە شەيدا بولۇپ، ئاشىق بىقارار بولغانلىقى ھەمدە يەتتە ۋەزىرنىڭ ھەرقايسىسى شاھزادىگە خوتۇنلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى توغرىسىدا ھېكايىلەر ئېيتقانلىقى، بۇنىڭ شاھزادىگە پايدا بەرمىگەنلىكى .. 18

بىرىنچى ۋەزىرنىڭ ھېكايىسى ..........................20

ئىككىنچى ۋەزىرنىڭ ھېكايىسى ..........................32

ئۈچىنچى ۋەزىرنىڭ شاھزادىگە خوتۇنلار ھىيلە- مىكرىدىن ھېكايە سۆزلىگەنلىكى..........................................44

بىر ۋەزىرنىڭ تىل تىغىنى ئىتتىك قىلىپ نەسىھەت مەيدانىدا باتۇرلۇق قىلغانلىقى ..................................56

بىر ئەپلاتون تەبىئەتلىك ۋەزىرنىڭ نەسىھەت گۆھەرلىرىنى چېچىپ، شاھزادىگە نەسىھەت بەرگەنلىكى ..........................66

بىر دانا ۋەزىرنىڭ نەسىھەت گۈلىستانىدا بۇلبۇلدەك سۆزمەنلىك قىلغانلىقى ..........................................76

ئارىستوتېل ۋە سوقرات سۈپەتلىك بىر ۋەزىرنىڭ شاھزادىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇ بىۋاپا گۇرۇھلار ئۈستىدە ھېكايىلەر سۆزلەپ نەسىھەت قىلغانلىقى ..........................................90

ئۇ خوتۇننىڭ دېڭىزلاردا ئويناپ يۈرگۈچى ئەييار لەھەڭلەردەك ھىيلە- نەيرەڭلەر بىلەن «تەريابىد» ئىلمىدىن ساۋاقلارنى .......................... باشلىغانلىقى..........................................98

يەنە بىر ئىبلىسقا ئوخشاش شەيتان ھىيلە-مىكرى بىلەن بەرەھمەنزادىنىڭ سەۋر-تاقىتىنى تالان-تاراج قىلىپ، ھىيلە-مىكىر

دەرسخانىسىغا باشلاپ «تەريابىد» دىن ئىككىنچى ساۋاق بەرگەنلىكى ...... 101

يەنە بىر ھىيلىگەر، تىنچ-ئامانلىق زامانىنىڭ ئوغرىسى بەرەھمەنزادىنى ھىيلە-مىكىر مەكتىپىگە ئەكىرىپ ئۈچىنچى بابتىن تەلىم بەرگەنلىكى ...... 103

يەنە بىر شەيتانغا ئوخشاش مەككار ۋە دىۋە خۇلق خوتۇننىڭ «تەريابىد»نىڭ تۆتىنچى بابىدىن ساۋاق بەرگەنلىكى ...... 105

بەشىنچى كۈنى بارچە ئەييارلاردىن چېچەن ۋە ئۇستا بولغان، ھىيلە-مىكىرنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىپ، ھىيلىگەرلىك مەكتىپىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرىدىغان بىر خوتۇن بەرەھمەنزادىگە «تەريابىد»دىن تەلىم بەرگەنلىكى ...... 107

يەتتە ۋەزىر جەم بولۇپ شاھزادىنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغانلىقى، بۇ نەسىھەتنىڭ شاھزادىگە پايدا بەرمىگەنلىكى ...... 114

شاھزادىنىڭ ئۇ قورقۇنچلۇق باياۋاندا ھۇما قۇشىدەك يالغۇز يۈرۈپ، بىر ساپ ۋىجدانلىق ئاقساقال كىشىگە يولۇققانلىقى ...... 129

تۇتىنىڭ شاھزادىگە پەند-نەسىھەت قىلغانلىقى ...... 154

تۇتىنىڭ شاھزادىنىڭ تەسەللى خاتىرىسى ئۈچۈن ھېكايە سۆزلىگەنلىكى ...... 159

تۇتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، شاھزادىنىڭ پەرىشانلىق ۋە دەرد-ئەلەمدىن كېيىن مەقسىتىگە يەتكەنلىكى ...... 168

جاھاندار سۇلتاننىڭ يارى-مەشۇقىغا يېتىشىپ، ئۇنىڭ ھەۋىسىدىن خۇرسەن بولۇپ بەھرەۋەربانۇنىڭ ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە بارغانلىقى ...... 171

شاھزادىنىڭ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ ھورمۇز بىلەن ئۇچراشقانلىقى ...... 173

تۇتى شاھزادىنىڭ ئىشق خاتىرىسىنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن ھەرخىل ھېكايىلەرنى، ئىشق داستانلىرىنى سۆزلەپ دىلدارلىق قىلغانلىقى ...... 176

خوتەن شاھزادىسىنىڭ جۇنۇنلۇققا گىرىپتار بولۇپ، مېھرىبانۇنىڭ ئىشقىدا شەيدالىق ناغرىسىنى ياڭراتقانلىقى ...... 177

خىزىر سۈپەت كىشىنىڭ شاھزادىگە ھەمراھ بولۇپ مەقسەت يولىغا قەدەم قويغانلىقى، ۋەزىرزادىنىڭ مەھلىل دىۋىنىڭ ماكانىغا يېتىپ

بىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، يولنى ئۇ ۋەھشىيدىن پاك قىلغانلىقى ........ 186

شاھزادىنىڭ دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ مەنۇچېھرنىڭ شەھىرىگە بارغانلىقى، خىزىر سۈپەت كىشىنىڭ ئابىھايات سۈيىدىن ئىچىپ مەنۇچېھرنىڭ قايتا تىرىلگەنلىكى ........ 192

مەنۇچېھرنىڭ شاھزادىنى مېھمان قىلىپ، بىر ئايالنى مېھرىبانۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ خەۋىرىنى كەلتۈرگەنلىكى، شاھزادىنىڭ رۇخسەت ئېلىپ مەشۇقىنىڭ شەھىرىگە بارغانلىقى ........ 197

موماينىڭ خوش خەۋەر كەلتۈرۈپ شاھزادىنى ھۆسنىئاباد شەھىرىگە ئېلىپ بارغانلىقى ۋە مەشۇقىنىڭ خالخالىنى تېپىپ بەرگەنلىكى ........ 201

ھوشىنەكىنىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ، تەدبىر بىلەن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، موماينىڭ چارىسى بىلەن مېھرىبانۇنى قۇملۇقتىكى جادۇگەردەك ئېلىپ قاچقانلىقى، شاھزادىنىڭ يولىغا سەلدەك بالا يۈزلىنىپ، دەشتلەردە غېرىب بولغانلىقى ........ 207

شاھزادە مېھرىبانۇنىڭ غايىب بولغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ پەرۋانىدەك ئۆرتىنىپ نالە قىلغانلىقى، دوستلىرى يەمەن دۆلىتى ئارقىلىق شاھزادىنىڭ مەشۇقىنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ غەلىبىگە ئېرىشىپ، خوتەن ۋىلايىتىگە يولغا چىققانلىقى ........ 213

بېنگال ۋىلايىتى پادىشاھىنىڭ ئوغلى بەھرام بىلەن ۋەزىرىنىڭ قىزى زۆھرەنىڭ بىربىرىگە ئاشىق بولغانلىقى ........ 219

بەھرامنىڭ زۆھرەنى ئۇيقۇدا قويۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ قايتىپ كېلىپ زۆھرەنى تاپالمىغانلىقى، زۆھرەنىڭ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ بەھرامنى يېنىدا كۆرمىگەنلىكى، ئىككىسىنىڭ بىربىرىدىنجۇدا بولۇپ بىر شەھەرگە بېرىپ كۆپ ھادىسىلەرنى كۆرگەنلىكى ........ 225

خىرەدمەننىڭ پەرى پەيكەر بىلەن توي قىلغانلىقى، پادىشاھنىڭ بۇ دۇنيادىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغانلىقى، خىرەدمەننىڭ پادىشاھ بولۇپ، پادىشاھلىق تاجىنى بېشىغا كىيىپ ئەدلى-ئادالەت بىلەن ھۆكۈم سۈرۈپ، بەھرامنىڭ كېلىشىگە ئىنتىزاربولۇپ تۇرغانلىقى ........ 240

ھەسەن سودىگەرنىڭ دەرۋىش خوتۇننىڭ قىزى گۆھەرنى نىكاھلاپ ئالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ زالىملار قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى، ۋەزىرىنىڭ رەسۋا بولغانلىقى ........ 244

ھەسەننىڭ ئۆز شەھىرىگە سەپەر قىلىپ ۋەزىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى، گۆھەرنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدە سالامەت قېلىپ ۋەزىردىن قۇتۇلغانلىقى ...... 251

ئۇلارنىڭ ئىككىنچى نۆۋەت پەلەكتىن بىئارام بولۇپ، ئۈمىدسىزلىك ئوغىسىنى مۇراد جامىغا تۆككەنلىكى، گۆھەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق لەھەڭ بالاسىدىن خالاس بولغانلىقى ...... 258

بىر خىشچى ياشنىڭ سودىگەرنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ ئاخىرى مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكى ...... 263

سەرەندىپ ۋىلايىتىنىڭ شاھزادىسى فەررۇخفال يېگانەجاھاننىڭ سۈرىتىگە ئاشىق بولۇپ، سۇمۇرغنىڭ ياردىمى بىلەن مەقسەتكە يەتكەنلىكى ...... 276

فەرۇخفالنىڭ شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئوغرىلار قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆزى بالا ۋە مېھنەتكە قالغانلىقى، ئاخىر ئۇنىڭدىن خالاس تاپقانلىقى ...... 280

جەئفەرنىڭ تەدبىر ۋە ئەقىل بىلەن مەقسەت يولىنى تېپىپ، شاھزادىنىڭ مەشۇقىدىن خەۋەر ئالغانلىقى؛ سۇمۇرۇغنىڭ ياردىمى بىلەن فەررۇخفالنىڭ مۇراد-مەقسىتىگە يەتكەنلىكى ...... 289

ئەزىز بازەرگاننىڭ ۋەقەلىرى ...... 306

ئۈچ دوستنىڭ ھېكايىسى ...... 320

ئىككىنچى يىگىتنىڭ ھېكايىسى ...... 328

قىزنىڭ ھېكايىسى ...... 335

ھىندىستان مەملىكىتىنىڭ شاھزادىسى كامكارنىڭ ئاتىسىنىڭ ۋىلايىتىدىن چىقىپ باشقا بىر ۋىلايەتكە بېرىپ پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالغانلىقى ...... 339

مومايىنىڭ ھېكايىسى ...... 344

جامنىڭ لالەرۇخقا ئاشىق بولۇپ، ئۇنى نىكاھ قىلىپ ئالغانلىقى، پەلەكنىڭ ھىيلىسىدىن پىراق ئوتىغا گىرىپتار بولۇپ يەنە ۋىسال دۆلىتىگە ئېرىشكەنلىكى ...... 357

بەھرەۋەربانۇنىڭ جاھاندار سۇلتاننى كۆرۈپ ئاشىق بولغانلىقى، ئىنىكئانىسىنىڭ بۇ ئەھۋالنى بىلىپ نەسىھەت قىلغانلىقى ۋە



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

بەھرەۋەربانۇنى بىر تەدبىر بىلەن شەھەرگە كىرگۈزگەنلىكى ................ 368

جاھاندار سۇلتاننىڭ ئۈمىد غۇنچىسىنىڭ ئېچىلغانلىقى ۋە مۇراد يامغۇرى چۈشۈپ بەھرەۋەربانۇنىڭ ۋىسال چىمەنىدىن مەقسەت گۈلىنى تەرگەنلىكى ................ 371

جاھاندار سۇلتاننىڭ پادىشاھقا زىياپەت بېرىپ ئۆز ۋىلايىتىگە ئاتلانغانلىقى ................ 374

شاھزادىنىڭ دەشت-باياۋانغا چۈشۈپ مەلىكىنىڭ دەرد پىراقىغا گىرىپتار بولغانلىقى، ئادەم سۈرىتىدىن چىقىپ، ھايۋان سۈرىتىگە كىرگەنلىكى ................ 377

جاھاندار سۇلتاننىڭ باياۋان جەزىرىلەردە كۆپ مېھنەت ۋە مۇشەققەتلەر تارتىپ ئاقىۋەت مۇرادىغا يەتكەنلىكى ................ 381

جاھاندار سۇلتاننىڭ ئەمىرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قارا بەخت بەھرام خانغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى ................ 386

جاھاندار سۇلتاننىڭ لەشكەر تارتىپ بەھرام ئۈستىگە بارغانلىقى ۋە زەپەر قۇچۇپ غەلىبە بىلەن قايتقانلىقى ................ 389

بەھرەۋەربانۇنىڭ بىقارارلىقتىن سەھراغا چىقىپ كەتكەنلىكى، جاھاندار سۇلتان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قايتۇرۇپ كەلگەنلىكى ................ 392

# ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

چەكسىز ماختاش ۋە ھېسابسىز مەدھىيىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭداشسىز قۇدرەت ئىگىسى بولغان تەڭرىگە لايىق ۋە تېگىشلىكتۇر. ئۇ پۈتكۈل پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ كامىل ۋە ھەممە شەيئىلەرگە ھۆكۈمران بولغان ئىلاھىي كارامىتى بىلەن ئاپىرىدە قىلدى. ئالەم ئىشلىرى نىزامى ۋە ئادەم پەرزەنتلىرى ئىنتىزامىنى ئادالەت قائىدىلىرىگە مۇناسىپ ھالدا تۈزۈپ بەرپا قىلدى. ئۆزىنىڭ ئادىللىقى بىلەن پەلەكنىڭ شەكىل ـ سىياقىنى بەرپا قىلدى. «ئورۇن باسار (خەلىپە) يارىتىش»[1] تەقەززاسى بىلەن خۇسرەۋدەك نامدارلار ۋە ئىقتىدارلىق بەختىيارلارنى خىلاپەت ۋە شاھلىق تەختىدە ئورۇنلاشتۇردى. سائادەتمەن ۋە شەۋكەتلىك ئەمەلدارلارنى «مەن يەر يۈزىدىكى جامائەت ئارىسىدا ئىزباسار يارىتىمەن»[2] دېگەن سۆزى بويىچە تەيىنلەندى. ئۇلارنىڭ ھىممەتلىرىگە «ئۇنى بىز يۇقىرى كۆتۈردۇق»[3] دېگەن مەرتىۋىنى بەخش ئەتتى. ئۇلۇغلۇق ۋە ئىستىقبال نىشانلىرى بولغان دۆلەت بەلگىلىرىنى «ئادىل بولۇڭلار، بۇ تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر»[4] دېگەن ئايەت بىلەن زىننەتلەندى.

---

[1] «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986- يىل نەشرى 151- بەت، «سۈرە ئەنئام» 166- ئايەت؛ 210- بەت، «سۈرە يۇنۇس» 14- ئايەت؛ 218-بەت، «سۈرە يۇنۇس» 77-ئايەتلەرگە قاراڭ.

[2] «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى 7- بەت، «سۈرە بەقەر» 30- ئايەتكە قاراڭ.

[3] «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى 310- بەت، «سۈرە مەريەم» 57- ئايەتكە قاراڭ.

[4] «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقى نەشرى 109- بەت، «سۈرە مائىدە» 8-ئايەتكە قاراڭ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى، ئەنبىيالارنىڭ تۇگەنچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قان دىماغلىرىنى خۇشبۇي قىلغۇچى پاكلىق باغرىدىن ئەسكەن بۇيۇكلۇك خوش پۇراقلىرى ۋە روھ-ئەرۋاھلىرىنى مۇنەۋۋەر قىلغۇچى دوستلۇق بۇلاقلىرىدىن چىققان دۇئا ۋە سالام كەۋسەرلىرى نىسار بولسۇن. ئۇ (تەڭرىنىڭ) «ئەگەر سەن بولمىساڭ، ئاسمانلارمۇ بولمىغان بولاتتى» دېگەن تەرىپىگە ئېرىشكۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئەلچىلىك زىننىتى «(ئاللا) ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتتى»[1] دېگەن ئايەت بىلەن بېزەلگەن. ئۇنىڭ ئەزىزلىك پەرمانى «ئېنىقكى: ئەگەر سىلەر ئاللانى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللامۇ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ»[2] دېگەن ئايەت بىلەن قەدىرلىكتۇر.

يەنە ئالەم يولباشچىسى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) نىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن. ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى «ئۇلار شۇنداق مۇمىنلەردۇكى»[3] دېگەن ئايەتتە ئېيتىلغاندەكتۇر، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى «يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان»[4] بۈيۈك دەرەخنىڭ شاخلىرىدۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (تەڭرى ئۇنىڭغا سالام ئەۋەتكەي)نىڭ مەدھىيىسىدىن كېيىن، ئاق كۆڭۈل، ھوشيار، پاك ۋە دانىشمەن كىشىلەرنىڭ پاك زېھنلىرىگە ئايان بولسۇنكى، بۇ يېزىلغان قۇرلار ۋە تىزىلغان ھەرپلەرنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

تاج ۋە سەلتەنەتنىڭ بېزىكى، جاھانگىرلىك ھېكمەتلىرى تەختىنىڭ زىننىتى، لەشكەرۇ پۇقرالارنىڭ كۆڭۈل ئارامى، تەقۋادارلىق پەرمانلىرىنىڭ بۇيرۇغۇچىسى، ئالەمگە مەشھۇر خارەزم شاھلىرىنىڭ شاھى، مەملىكەت چەۋەندازلىرىنىڭ كۆركى ھەۋزبەي ئىناق (تەڭرى

---

[1] «قۇرئان كەرىم» ئۇقىرىقى نەشرى 193- بەت، «سۇرە تەۋبە» 33- ئايەتكە قاراڭ.

[2] «قۇرئان كەرىم» ئۇقىرىقى نەشرى 55- بەت، «سۇرەئال ئىمران» 31- ئايەتكە قاراڭ.

[3] «قۇرئان كەرىم» ئۇقىرىقى نەشرى 343-بەت،«سۇرە مۇئمىنۇن» 2-،3-،4-،5-، 6-،7-،8-،9-،10-،11-ئايەتلەرگە قاراڭ.

[4] «قۇرئان كەرىم» ئۇقىرىقى نەشرى 259-بەت، «سۇرە ئىبراھىم» 24-ئايەتكە قاراڭ.

ئۇنىڭ شاھلىقىنى مەڭگۈ ئامان قىلسۇن، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن پۈتۈن دۇنيانى بەھرىمەن قىلسۇن)نىڭ ئەزىز پەرزەنتى مۇھەممەد قۇتلۇق مۇراد ئىناق پەم-پاراسەت قەسىدىسىنىڭ باش بېتى، ئىلىم-ئېرپان ۋە زېرەكلىك دەپتىرىنىڭ ئالدىنقى سەھىپىسىدۇر. ئۇ نەپىس شېئىرلارنى ئىجاد قىلغۇچى يېتۈكلۈك دېڭىزى، نەزمىلىرىدىن گۈزەل بېيىتلارنى تارقاتقۇچى لاتاپەت سەلكىنىدۇر. ئۇ كامالەت دېۋانىنىڭ يارقىن مىراسى، ئۇلۇغلۇق بوستانىنىڭ مۇبارەك سەرۋىسى، ئەقىل — ئىدراك بېغىنىڭ ۋە گۈزەللىك، پاكلىق گۈلىستانىنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇلىدۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتى ساغلام، زېھنى ئوچۇق، سۆزلىرى شېرىن، نۇتۇقلىرى يېقىملىقتۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ۋاقىتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى پەزىلەت ئىگىلىرى بىلەن بىرلىكتە نەسرىي ۋە نەزمە كىتابلىرىنى مۇلاھىزە ۋە مۇتالىئە قىلىشقا سەرپ قىلاتتى. توساتتىن ئۇنىڭ ئاجايىپ خاتىرىسىگە: «باھار دانىش» دېگەن كىتاب نەزمىي شەكىلدىكى ئاجايىپ-غارايىپ ھېكايەتلەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن كۆپچىلىك ئامما پايدىلىنالمايۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ كىتاب تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنسا، چوقۇم كۆڭۈللەرنىڭ شادلىقىغا سەۋەب بولاتتى. ئۇنىڭ پايدىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ھەممە كىشى مەنپەئەتلىنەتتى» دېگەن خىيال كەلدى. بۇ ئۇلۇغ پەرماننى ئۇ سائادەتلىك خانىدانىنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى بولغان كەمىنە ناقابىل ۋە ئاجىز بىچارە، يەنى مۇھەممەد قاسىم بىننى موللا نەزىر مۇھەممەد بۇخارىنىڭ جۈرئىتىگە بەخش ئەتتى. بۇ كىتابنىڭ سۆز-ئىبارىلىرىگە پاك لىباسلار كىيدۈرۈلگەن، مەنە گۈزەللىرى سىرلىق ۋە مۇرەككەپ سۆزلەر قاتلىمى، كالام ھۆججەتلىرى شەكلى بىلەن پەردىلەنگەن ۋە يوشۇرۇنغانىدى، ئۇنىڭ ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە مۇشەققەتسىز ھالدا نېسىپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

نەزم:

بىر ئاقىل كىشى ئېيتتى چىللاپ مېنى:
كى ئەي سۆز بېغىنىڭ چېۋەر باغۋىنى.

بۇ باغقا قارا، شۇنچە پاك، ياپيېشىل،
ئۇلار بارچە ھېكمەت دەرەخلىرى، بىل.
سەن ھەربىر دەرەخ مېۋىسىدىن يېگىن،
ئۇنىڭدىن نىشان بىزگە ئاندىن دېگىن.
بۇ گۈلباغدا شېرىن-شېكەر مېۋىلەر،
كۆڭۈللەرنى ھۆسنىگە مەپتۇن ئېتەر.

بۇ مىسىلىسىز پەرمانغا بويسۇنماقتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى. شۇڭا «بۇيرۇلغۇچى ئۆزرىلىكتۇر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى يادىمغا ئالدىم. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە چۈش ئارقىلىق بېشارەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، بۇ ئۇلۇغ يارلىقنى ئورۇنداشقا كىرىشتىم. بۇ كىتاب يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان كىتاب مەزمۇنىدىن ۋە باشقا ئاجايىپ-غارايىپ ھېكايەتلەردىن تەركىب تاپتى. كەمىنە ئاجىز بىچارىنىڭ كۆڭۈلدىكى ئارزۇيۇم بۇ كىتابنى ئوقۇغان، ئاڭلىغانلارغا قىيىن كەلمەيدىغان ئۇسلۇب بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ كىتابتىن ئىشلەنگەن يىگىرمە جۇز (لىس)غا يېقىنراق نۇسخا تەييار بولغانىدى. بۇ نۇسخا پەرمانغا بىنائەن شاھنىڭ خاسىيەتلىك سۆھبىتىگە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ زات ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن: «بۇ كىتابنى ھەرقانداق كىشى ئوقۇسا بەھرە ئالالىغۇدەك ئۇسلۇب بىلەن تەييارلىسۇن. ئۇنىڭدا مۇجمەل سۆز-ئىبارىلەر، چىگىش ۋە مۇرەككەپ تەركىب ۋە جۈملىلەرنىڭ ئىزناسى قالمىسۇن» دېگەن ئوي-پىكرىنى ئېيتتى. مەن نائىلاج قالغان كىتابنى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئەھۋالىغا ماس كەلگۈدەك ئۇسلۇب بىلەن يېزىپ تەييارلىدىم.

ئەمدى گۈزەل ئەخلاقلىق دانىشمەنلەرگە ئىلتىماسىم شۇكى، ئەگەر بۇ سەھىپىلەرنىڭ يۈزىدە سەۋەنلىك ۋە خاتالىق قارىلىرى بولغان بولسا، ئۇنى ئىسلاھ قەلەمتىراشى بىلەن قىرىپ، ئەيىب ئېتەكلىرى بىلەن ياپقاي.

# «باھار دانىش» داستانىنىڭ باشلىنىشى ۋە بايلىق تىلسىملىرىنىڭ بىلىنىپ، ھېكايە پەردىسىنىڭ ئېچىلىشى

مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

ھىندىستان ۋىلايىتىدە بىر پادىشاھ بار بولۇپ، ئۇ يەر يۈزىنى ئۆز پەرمانىدا تۇتۇپ، ئادالەت شامىنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، دىن ئۆيىنى نۇرلۇق قىلىپ، ئالىي ھىممەت دەرىجىسىدىن مەغرۇر ئاياغىنى كاتتىلار گۇرۇھى ئېچىگە قويغانىدى. ئەمما ئۇنىڭدا مۇنداق ئۇلۇغ دۆلەت ۋە كۈچ-قۇدرەت بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پادىشاھ ھەر ۋاقىت غەم-قايغۇ ۋە پەرىشانلىقتا سەھەر تۇرۇپ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا نالە قىلىپ ھەرقانداق جايدا تەقۋادار، زاھىت، قەلەندەر بولسا ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ياردەملىشىپ، ئۇلاردىن پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىس بولغۇچى پەرزەنت ئاتا قىلىشقا دۇئا ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلاتتى.

ئاخىرى ئۇلارنىڭ دۇئايى خەيرلىرى بەرىكىتىدىن تەڭرىتائالا پادىشاھنىڭ ئۈمىد دەرىخىنى مېۋە غۇنچىلىرى بىلەن تولدۇرۇپ، دۆلەت ئۆيى سائادەت شامى بىلەن نۇرلىنىپ، ئاز پۇرسەتتە بىر ئوغۇل يوقلۇقتىن ئوچۇق-يورۇق ئالەمگە يۈز ئاچتى. پادىشاھ بۇ زور مۇھەببەت ۋە ئالىي ھەدىيىدىن پېشانىسىنى مىننەت تۇپرىقىغا قويۇپ، شۈكۈر-سانالارنى كۆپلەپ قىلىپ، خەزىنە ئىشىكىنى ئېچىپ، مىسكىن موھتاجلارغا ئىنئام بېرىپ، ئۇلارنى موھتاجلىقتىن كۆتۈردى. بۇ گۆھەردەك قىممەتلىك ۋە بەختلىك ئوغلىنى ياخشى پەيتتە — مەھمۇت زامانىدا جاھاندار سۇلتان دەپ ئىسىم قويدى ھەم سائادەتلىك بىدار بەخت دېگەن ئىنىكئانىنىڭ تەربىيىسىگە بەردى. ئاردىن تۆت يىل تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن جاھاندار



此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com